دىسنى بالىلار دۇنياسى

# ئويۇنچۇق پىدائىيلار

TOY STORY



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

## مېنىڭ كۈتۈپخانام

ماڭا بۇ كىتابنى سوۋغا
قىلغۇچى ________
.
ئۇ بۇ كىتابنى - يىل - ئاي-
نىڭ - كۈنى سېتىۋالغان .

مېنىڭ ئىسىم - فامىلەم
________
.



— دىسنى بالىلار دۇنياسى —

# ئويۇنچۇق پىدائىيلار




شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



ئاندى ئويۇنچۇقلارنى بەك ئاسرايدىغان بالا. ئۇنىڭ تۇخۇمباش ئەپەندى، توڭگۇز كۇچۇكى، كولباسا، پۇرژىنىلىق كۇچۇك ۋە دىنوزاۋىر قاتارلىق ئويۇنچۇقلىرى بار. ئويۇنچۇقلىرى ئىچىدە ئاۋاز چىقىرالايدىغان پادىچى خۇدىنى ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ. خودىنىڭ دۇمبىسىدىكى يىپنى تارتسىلا، ئۇ «ئوھوي!» دەپ توۋلايدۇ. ئەمما ئاندى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگىلا ئويۇنچۇقلارغا جان كىرىدىغانلىقىنى ئۇ زادىلا ئويلىمىغانىدى.






ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاندى ئائىلىسىدىكىلەر ئۆي كۆچۈشكە تەييارلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، يەنىلا ئاندىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى . ئويۇنچۇقلار ئورنىمىزنى يېڭى ئويۇنچۇقلار ئىگىلىۋالارمىكىن ، دەپ ئەندىشىدە قېلىشتى .

خۇدي ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىدى . ئۇ ئاندىغا كەلگەن سوۋغاتلارنى رازۋېدكا قىلىپ كېلىشكە ئىككى ئەسكەرنى ئەۋەتتى . سوۋغاتلار بەك كۆپ بولغاچقا ، ئۇلار يېڭى ئويۇنچۇقلارنىڭ ئىسمىنى ئېسىدە تۇتۇۋالالمىدى .





زىياپەت ئاخىرلاشقاندا ، ئاندى ئەڭ ياخشى سوۋغات — ئالەم ئۇچقۇچىسى باسنى ئۆز خانىسىگە ئاچىقتى . باس ئۆزىنى ھەقىقىي ئالەم ئۇچقۇچىسى ، دەپ ھېسابلايتتى . ئۇ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ، ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ : «مەن يۇلتۇزلار ئارا ئۇچىمەن» دەپ ۋارقىرىدى . خۇدي باسنى مات قىلماقچى بولدى ، ئەمما تۈزۈكرەك چارە تاپالمىدى .

ئاندى ئانىسى بىلەن بىللە «پىسسا يۇلتۇزى» ئاجا-
يىپخانىسىغا بېرىپ ئويناپ كەلمەكچى بولدى . ئاندى ئۇ
يەرگە پەقەت بىرلا ئويۇنچۇقنى ئېلىپ بارالايتتى . خۇدې
مۇشۇ پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باسنى يوشۇ-
رۇپ قويۇش هىيلىسىنى ئويلىدى ـ دە ، ئۇنىڭغا شىرە
ئاستىدا قالغان بىر ئويۇنچۇقنى قۇتقۇزۇپ چىقىشنى
ئېيتتى . باس ئۆزىگە توسقۇن بولغان بىر ئۈستەل چىرى-
غىنى يۆتكىمەكچى بولغاندا ، چىراغ باسقا تېگىپ كەت-
تى ـ دە ، دېرىزىدىن چۈشۈپ كەتتى .







— خۇدي باسنى ئىتتىرىۋەتتى ! — دېدى تۇخۇمباش ئەپەندى ئاچچىق بىلەن ، باشقا ئويۇنچۇقلارمۇ خۇدىنى ئەيىبلىدى .

— ماڭا ئىشىنىڭلار ، قەستەن قىلمىدىم ! — دېدى خۇدي كۆپچىلىككە ، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي جىممىدە كېتىپ قالدى .


www.uyghurkitap.com





ئاندى باسنى تاپالماي «پىسسا يۇلتۇ-
زى» ئاجايىپخانىسىغا خۇدىنى ئىلىپ ماڭ-
دى . ماشىنا ئەمدىلا قوزغىلاي دېگەندە ، باس


دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقتى -
دە ، ماشىنىغا ئىسلىۋالدى .
ئاندىنىڭ ئانىسى ماشىنىغا
ماي جىقلاش ئۈچۈن ماي پونـ-
كىتى ئالدىدا توختىدى . باس
مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ماشىنىغا چىقتى - دە ، خۇدى بىـ-
لەن تۇتۇشۇپ كەتتى . ئىككىيـ-
لەن پومىداقلىشىپ ماشىنا
ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەندە ما-
شىنا كېتىپ قالدى . خۇدى
«ھەممىنى قىلغان سەن» دەپ
باسنى ئەيىبلىدى .




LIGHTYEAR

ئىككىلەن باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. تەلىيىگە شۇ چاغدا «پىسسا يۇلتۇزى» ئاجايىپخانىسىنىڭ بىر يۈك ماشىنىسى بۇ يەرگە كېلىپ قالدى. ئۇلار غىپپىدىلا ماشىنىغا چىقىۋالدى ـ دە، «پىسسا يۇلتۇزى» ئاجايىپخانىسىغا بېرىپ ئاندىنى ئىزدىدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنى بىر ئويۇنچۇق كىران تۇتۇۋالدى.





ھېدىر ئاندىنىڭ قوشنىسى بولۇپ ، ئۇ ئويۇنچۇقلارنى ئاسرىمايدىغان بالا ئىدى . بۇ قېتىم خۇدې بىلەن باسنى تۇتۇۋالغان ھېدىر : «پاھ ، بىر قېتىمدىلا ئىككىنى تۇتۇۋالدىم !» دەپ كۆرەڭلەپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھېدېر ئۇلارنى ئۆيىگە ئەكەلدى . خۇدى بىلەن باس ھېدېرنىڭ ئويۇنچۇقلارنى چۇۋۇپ ، ئۇلارنى قالايمىقان قۇراشتۇرۇپ ، غەلىتە نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆردى . بىر غەلىتە ئويۇنچۇق ئۇلارغا سالجىدەكلا چاپلىشىۋالدى . خۇدى :


— كەچۈرۈڭ ، بىز بۇ يەردە قېلىپ تاماققا داخىل بولالمايمىز ! — دېدى - دە ، باس بىلەن بىللە تېزلا ھېدېرنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىقتى .

ئۇلار بىرەر ئەپلىك جاينى تېپىپ يوشۇرۇنۇۋالماقچى بولغانىدى ، بىراق ھېدىرنىڭ ئىتى سىكوت ئۇلارنى قوغلاپ زادىلا ئاراملىق بەرمىدى .

— ئايرىلىپ قاچمىساق بولمىدى ، — دېدى باس . خۇدى قازناققا يوشۇرۇندى ، باس تېلېۋىزور كۆرىدىغان ئۆيگە كىرىۋالدى .



تېلېۋىزوردا باس توغرۇلۇق ئېلان بېرىلىۋاتاتتى، باس شۇندىلا خۇدىنىڭ توغرا ئېيتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. باس بوشلۇققا سەكرىدى — ئۇنىڭ شۇنداق ئۇچقۇسى بارئىدى! ئەمما ئۇ مەغلۇپ بولدى، يىقىلىپ ئوڭ بىلىكىنى سۇندۇرۇۋالدى. ھېدېرنىڭ سىڭلىسى ھاننا ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئۆي ئىچى ھېدېر بۇزۇپ تاشلىغان بېشى يوق قونچاقلار بىلەن تولغانىدى.





خۇدي ئاخىر باسنى قۇتقۇزۇۋالدى . ئۇلار يەنە ھېدېرنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كىردى . خۇدي دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ، كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاندىنىڭ ئۆيىدىكى دوستلىرىنى كۆردى . «ھەي ، دوستلار ، بىزگە ياردەم قىلىڭلار !» دەپ توۋلىدى ئۇ . ئويۇنچۇقلار خۇدېنىڭ باسقا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى ، شۇڭا ئۇلار پىسەنت قىلمىدى .

www.uyghurkitap.com




چاتاقنىڭ تېخىمۇ چوڭى چىقتى . ئاشۇ غەلىتە ئويۇنچۇقلار ئۇلارنى قورشىۋالدى .

— يوقىلىڭلار ، ئالۋاستىلار ! — دەپ ۋارقىرىدى خۇدې .


ئەمەلىيەتتە ، ئاشۇ ئويۇنچۇقلاردا يامان نىيەت يوق ئىدى ، ئۇلار پەقەت باسنىڭ سۇنغان بىلىكىنى ئوڭشاپ قويماقچى بولۇشقانىدى .

ھېدېر ئۆيگە قايتىپ كىردى . ئۇ بىر راكېتانى باسنىڭ دۈمبىسىگە مەھكەم باغلىدى . ئۇ راستتىنلا باسنى ئاسمانغا چىقارماقچى بولغانىدى !

— ماڭ ، ئاسمانغا — يۇلتۇزلارغا بار ، — دېدى ھېدېر . ئەمما يامغۇر يېغىپ كېتىپ ھېدېر «قويۇپ بېرىش» ۋاقتىنى كېچىكتۈردى .





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەتىسى ئاندىلار ئۆي كۆچەتتى ، خۇدي بى-
لەن باس ھېچ كۆرۈنمەيتتى . «ئۇلارنى تاشلاپ
كەتسەك بولمايدۇ »دېدى ئاندى ئەنسىزلىك ئى-
چىدە . بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئۇيقۇغا كەتتى .
ھېدېرنىڭ ئۆيىدە بەختسىزلىككە يولۇققان باس
ئۆز - ئۆزىگە : «مەن پەقەت يارىماس ئويۇنچۇق ،
يارىماس ئويۇنچۇق . . .» دەيتتى يېنىشلاپ .
— ئۇنداق دېمە ، — دېدى خۇدي باسقا ، —
ئاندى ئىككىمىز سېنى ياخشى كۆرىمىز !
دەل مۇشۇ دەقىقىدە ، خۇدي باسنىڭمۇ ئۆ-
زىنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى . باسمۇ-
خۇدېنىڭ سەمىمىي سۆزىدىن تەسىرلىنىپ ، ئۆ-
زىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇردى .










ئەتىسى ، خۇدى ئاشۇ غەلىتە ئويۇنچۇقلار-
نى جەم قىلىپ ، «بىز باسنى چوقۇم قۇتقۇزۇ-
ۋېلىشىمىز كېرەك» دېدى . ھېدىر باسنى ئاس-
مانغا قويۇپ بەرمەكچى بولغاندا ، ئويۇنچۇقلار :
— باسقا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭغا يول
قويمايمىز ! — دېدى ھېدىرغا كەسكىن تۇردە .
ھېدىر قورقۇپ قېچىپ كەتتى . ئويۇنچۇقلار
غەلىبە قىلدى ! خۇدى ۋە باس ھۆرلۈككە ئې-
رىشتى . دەل شۇ چاغدا ئۇلار ئۆي كۆچۈرگەن
ماشىنىنىڭ ئاندىنىڭ ئۆيى ئالدىدىن قوزغالغا-
لىقىنى كۆردى !






خۇدې ۋە باس باتارېيە قاچىلانغان ئو-
يۇنچۇق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ، ئوقتەك ئالغا
ئېتىلدى .

— تېزرەك ! يەنمۇ تېزرەك ! — دې-
دى خۇدې . ئۇلار يۇك ماشىنىسىغا يېتىشە-
ۋالاي دېگەندە ، ئويۇنچۇق ماشىنىنىڭ باتارې-
يىسى تۈگەپ قالدى . جىددىي پەيتتە خۇدې
باسنىڭ دۇمبىسىدىكى راكېتاغا ئوت ياقتى ،
ئۇلار ئۇچتى .

— پاھ ، مانا بىز ئۇچتۇق ، باس ! —
دېدى خۇدې خۇشال ۋارقىراپ . ئۇلار ئاخىر
يۇك ماشىنىسىغا يېتىشىۋالدى . ئاندى ئەڭ
ئامراق ئىككى ئويۇنچۇقنى كۆرۈپ ، خۇ-
شاللىقىدا ئۇلارنى باغرىغا باستى . خۇدې ۋە
باس پەقەت دوستلۇقلا ئادەمگە ھەقىقىي خۇ-
شاللىق ئەكېلىدىغانلىقىنى چۈشەندى .






بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ، مىلاد بايرىمى يېتىپ كەلدى . ئويۇنچۇقلار ئاندىنىڭ يېڭى ئويۇنچۇقلىرىنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ تۇرۇشتى .

— قورقما ، — دېدى خۇدي باسقا ، — ئاندى سەندىنمۇ ئېسىل ئويۇنچۇققا ئىگە بولالامدۇ ؟

ئويۇنچۇقلار بىرئازدىن كېيىن ئاندىنىڭ بۇ نۆۋەت ھەقىقي بىر كۇچۇككە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، خۇشاللىقتا تەنتەنە قىلىشتى .

مەسئۇل مۇھەررىرى: **گۈلنار لېتىپ**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئىبادەت ياسىن**
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: **مۇراددىل ئابىد**

**图书在版编目（CIP）数据**

迪斯尼儿童故事：2，玩具总动员：维吾尔文/阿布里克木·艾山编译. --乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2016.1
ISBN 978-7-5515-6631-5

Ⅰ.①迪… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①儿童故事-作品集-世界-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I18
中国版本图书馆CIP数据核字（2015）第141590号

دىسنىي باللار دۇنياسى —

**ئويۇنچۇق پىدائىيلار**

**玩具总动员（2）**

تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى: **ئابلىكىم ھەسەن**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012）
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىلۇڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 م م، 20 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 1.2
2016 - يىلى 1 - ئاي 2 - نەشرى
2017 - يىلى 3 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5515 - 6631 - 5
باھاسى: 5.00 يۈەن


---


بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

www.uyghurkitap.com

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : مۇراددىل ئابىد



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-6631-5

باھاسى : 5.00 يۈەن